# 21871 ـ سۈنئى چاڭلاشتۇرۇشتا ئەر-ئايال بولمىغان ئەرنىڭ ئىسپېرمىسى ياكى ئايالنىڭ تۇخۇمىنى ئىشلىتىش توغرىسىدا

## سۇئال

ئەر-ئايال بولمىغان كىشىنىڭ ئىسپېرمىسى ياكى تۇخۇمىنى ئېلىپ سۈنئى چاڭلاشتۇرۇش قانداق بولىدۇ؟ بۇنداق ھالەتتە بالا كىمگە نىسبەت بېرىلىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

چاڭلاشتۇرۇش جەريانىدا يات ئەر-ئايالنىڭ ئېلېمىنتى كىرىپ قالسا، ئۇ ۋاقىتتا تۇخۇم ئەر-ئايالدىن يات بولغان ئايالنىڭ بولىدۇ، ياكى ئۇ ئىككەيلەنگە يات بولغان ئايالنىڭ ئۇلتۇرشىدا بولىدۇ ياكى ئىسپېرما يات ئەرنىڭ بولىدۇ، بۇنداق ھالەتتىكى چاڭلاشتۇرۇش ھارام بولىدۇ، چۈنكى بۇ زىناغا قىياس قىلىنىدۇ، ئايالغا يات ئەرنىڭ ئىسپېرمىسىنى كىرگۈزۈش بولسا، ھالاللىق ۋە ھاراملىق جەھەتتە جىنسى مۇناسىۋەت قىلغاننىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.

ئەمما بۇ شەكىلدە دۇنياغا كەلگەن بوۋاق بولسا، تۇغقان ئانىغا نىسبەت بېرىلىدۇ، ئىسپېرمىنىڭ ئىگىسى بولغان دادىغا نىسبەت بېرىلمەيدۇ، زىنادىن تۇغۇلغان بالىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولىدۇ، ئەگەر بۇ ئەر بالىنىڭ نەسەبىنى دەۋا قىلسا، ئۇ كىشى بىلەن باشقا بىرى بۇ بالىنى تالاشمىسا، شەرىئەتنىڭ كىشىلەرنى ئاتىسىغا نىسبەت بېرىشكە قارىغانلىقى ئۈچۈن بالا ئۇ كىشىگە نىسبەت بېرىلىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان ھەدىستىمۇ: «بالا كۆرپىگە مەنسۇپ بولۇپ، زىناخورغا تاش» دېيىلگەن. مۇشۇ ھەدىس ھەل قىلغان مەسىلىگە ئوخشاش تالاش-تارتىش بولغاندا مۇشۇ ھەدىس بويىچە ئەمەل قىلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.